

# ياشناۋاتقان نەشپۈتزارلىقنىڭ يېڭى قىياپىتى

## — كورلا شەھرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن كۆرۈنۈشلەر

كورلا شەھرى 1993 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە: «شىمالدا ئۈرۈمچى شەھرى بولسا، جەنۇبتا كورلا شەھرى قۇرىمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، كورلا شەھرى ئىسمى - جىسمىغا لايىق شەھەر بولۇش يولىدا تېز ئىلگىرىلىمەكتە.

ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش - كورلا شەھرىنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىكى ئاساسىي رىتىمى. يېقىنقى يىللاردا كورلا شەھرى ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، شەھەرنىڭ ماددىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى، بۇنىڭ بىلەن كورلا شەھرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتا نەمۇنە شەھەر، مەدەنىيەتلىك شەھەر، ئىلغار ئورۇن ۋە مەملىكەت بويىچە تازىلىقى پاكىز شەھەر بولۇپ باھالاندى. بۇ يىل كورلا شەھرىدە جاڭجياگاڭدىن ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. «ئىتتىپاقلىشىش، قەيسەرلىك بىلەن ئىلىشىش، يول ئېچىشقا جۈرئەت قىلىش، پۇرسەتنى تالىشىپ تۇتۇش، 1 - لىكنى قولغا كەلتۈرۈش» دېگەن روھ كورلا شەھرىدىكى 300 مىڭ ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنى ئىلھاملاندۇرماقتا. ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ماھىيەتنى، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشكە، ئۈنۈملۈك ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلدى. جۈملىدىن «كورلىنىڭ 1996 - يىللىق مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش تەپسىلىي نىزامى»نى تۈزۈپ چىقتى ۋە «نىزام» بويىچە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەپ، تۈرلۈك ئىشلارنى پۇختا، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈردى.

بۈگۈنكى كۈندە كورلىدا جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولماقتا، ئىقتىساد تەرەققىي قىلماقتا. كورلا مەركىزىي شەھەرلىك قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشقىلارنى جەلپ قىلماقتا. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كورلىدىن قەشقەرگە قاراپ ئۇزارتىلماقتا، شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيا 2 - دەرىجىلىك





⌂ سۈرەتتە: كورلا شەھرىدە ھازىر تاشيول، تۆمۈريول، ھاۋا يولى، قاتناش تورى شەكىللەندى.





⌂ سۈرەتتە: كورلا شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈەن زې (سولدىن 3 - كىشى) شەھەر باشلىقى ئوبۇلقاسىم زۇنۇن (سولدىن 2 - كىشى) قاتارلىق رەھبەرلەر شەھەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلماقتا.



⌂ سۈرەتتە: تارىمنى چارلاپ ئېچىش كورلا شەھرىنىڭ ئىقتىسادىي قوزغىلىشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. كۆنچى دەرياسى بويىدىكى نېفىت بازىسىدىن نېفىت ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلماقتا.

تەرەققىياتىغا تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. كۆنچى دەرياسى بويىدىكى نېفىت بازىسىدىن نېفىت ئېچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلماقتا.

قىلماقتا. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى كورلىدىن قەشقەرگە قاراپ ئۇزارتىلماقتا، شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيا 2 - دەرىجىلىك توپ سېتىش پونكىتى جەنۇبتىن كورلىغا يۆتكىلىپ، كورلا جەنۇبىي شىنجاڭغا ماددىي ئەشيالارنى توپ تارقىتىدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى. كورلىدىن بېيجىڭغا سوزۇلغان ھاۋا يولى، يېڭى ياسالغان تەكلىماكان قۇملۇق يولى كورلىنى مەملىكەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايون ئىچى بىلەن تېخىمۇ زىچ باغلىدى. كورلا كۆكتىكى ۋە يەردىكى بۇ گىرەلەشمە يولدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ زور زەپەر قۇچقۇسى!

ئۆز مۇخبىرىمىز **كاڭ پىڭ، جاڭ شىڭگو**



⌂ سۈرەتتە: كورلىدىكى موگغۇللار تەرەققىيات ئىلگىرىلەشنى سەنئەت شەكلى بىلەن مەدھىيىلىمەكتە.



⌂ سۈرەتتە: كورلىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى شەھەر قىياپىتىنى كۈندىن - كۈنگە يېڭىلىماقتا.



⌂ سۈرەتتە: كورلا شەھىرى جاڭجياگاڭنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، شەھەر خەلقىگە ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە سۆز - ھەرىكەتتە مەدەنىيەتلىك بولۇش تەربىيىسى بەردى. شەھەردىكى 15 ئاساسىي كوچا ھەر كۈنى كوچا سۈپۈرۈش ئاپتوموبىلى بىلەن تازىلىنىدۇ. ھەرقايسى ئىدارە، مېھمانخانا، پويىز ئىستانسىسى، ئايرودروم قاتارلىقلارنىڭ تازىلىقىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى، شۇڭا كورلا شەھىرىنىڭ كوچىلىرى پاكىز، رەتلىك، ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولماقتا.



⌂ سۈرەتتە: كورلا شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر يېزىسى چىلانباغ كەنتىدىكى نىياز مۆمىن ۋە ئۇنىڭ ئايالى سۇلتانخان بۇ شەھەرنىڭ ھەم پاكىز ھەم چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ: «كورلا ھەجەپ ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ!» دېدى.

ئىرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر، ھازىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن پەيتتە ئىشچىلارنى، دېھقانلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ».

دۇەن دېجاڭ بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان، كونا ئازاد رايوندىكى خەلقلەرنى زادى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇ دائىم مۇنداق دەيدۇ: «كونا ئازاد رايوندىكى خەلق قۇربان بەرمىگەن، تۆھپە قوشمىغان بولسا، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندا كونا ئازاد رايوندىكى خەلقنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.»

دۇەن دېجاڭ 1984 - يىلى ئاپرېلنىڭ 30 نەچچە يىل بولغان يۇرتى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يۇدۇ ناھىيىسىگە كەلدى. ئۇ ئۆزى ياشىغان جېشى يېزىسىغا كېلىپ، يەنە ئالتە تاغلىق كەنتتە ھازىرغىچە توك يوقلۇقىنى ئۇقتى. ئۇ دەرھال جياڭشى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىغا خەت يېزىپ، بۇنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلكىدىكى ئالاقىدار تارماقلار دەرھال ھەرىكەتلىنىپ 100 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، ئالتە تاغلىق كەنتنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا

ئۇقتۇرۇشنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال 200 يۈەن ئەۋەتىپ بەردى. كېيىن شاڭخەي شەھىرىدىمۇ «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، «1 + 1» ياردەم بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. دۇەن دېجاڭ بىلەن ئايالى 1994 - يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى يىلىغا بىردىن ئوقۇشسىز قالغان ئوقۇغۇچىنىڭ قايتىدىن مەكتەپكە كىرىشىگە ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى.

ھازىرغا قەدەر ئۇلار ئۈمىد قۇرۇلۇشىغا 2400 يۈەن ئىئانە قىلدى. كونا ئازاد رايوندىكى ئوقۇشتىن قالغان يەتتە بالىنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ياردەم بەردى. 1963 - يىلى 11 - ئايدا دېڭىز ئارمىيىسى دۇڭخەي جيەندۇيىنىڭ 2 - سىياسىي كومىسسارلىقىنى ئۆتەۋاتقان دۇەن دېجاڭ جيەندۇي باشقارمىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچىسى چيۇ ۋېيجۇڭنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپ، تۆت بالىسىنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، يېتىم بالىلارغا ياردەم

مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى 1969 - يىلى ھەربىي سەپتىن قايتقانلارنى كادىرلىققا تەڭشەش توغرىسىدا ھۆججەت چۈشۈرگەندە دۇەن لىمىڭ دادىسىنىڭ پىكرىنى ئالدى، بۇ چاغدا دۇەن دېجاڭ مۇنداق دېدى: «سەن ئاللىقاچان ئىشچى بولۇپ كەتتىڭ، ئەمدى يۆتكىلىپ يۈرۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممىسى ئوخشاش ئىنقىلابىي خىزمەت»، ھازىر دۇەن لىمىڭ 55 ياشقا كىردى. يەنىلا زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

بىر ئادەمنىڭ پاك بولۇشى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرگە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۇەن دېجاڭنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزىمۇ ئىلگىرى قىسمىدىن يەرلىككە ئالمىشىپ ئۇزاققىچە يۇرتىدا قىيىنچىلىقى بار ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ياردەم بېرىپ كەلدى. لېكىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سىياسەتكە خىلاپ ھالدا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمىدى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي خەۋىرى)



شىمالىي ئەنخۇيى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ليۇچاۋ 1 - كېنىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئائىلە تاۋابىئاتلار جەنۇبىي ئەنخۇيدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا پۇل ئىئانە قىلىپ، ئاپەت رايوندىكى خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى بىلدۈردى.

سۈرەتتە: ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەس - بەستە پۇل ئىئانە قىلماقتا. **جۇ سەيۈن. ۋەن جاسى** فوتوسى

گېزىت ئوقۇش ۋە ئوقۇشىدىن پايدىلىنىش مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئېھتىياجى

# «شىنجاڭ گېزىتى»، سىزگە سىياسىي - ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتە يېتەكچى، خەۋەر - ئۇچۇردىن پايدىلىنىشتا مەنبە، بىلىم ئېلىشتا قوللانما، تۇرمۇشىڭىزدا مەسلىھەتچى بولالايدۇ

شىنجاڭ گېزىتى - ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇشتەرىلارنىڭ يېقىن دوستى، گېزىتىمىزنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى ئۇزاق، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغىمۇ تارقىلىدۇ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرى بار.

گېزىتىمىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەنى، فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن - پەرمانلىرىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت، نىزام، تەدبىرلىرىنى، مەملىكەت ئىچى، خەلقئارادىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم ۋەقە - پائالىيەت، يېڭىلىق، نەتىجە، كەشپىيات، تەجرىبە، ئۇچۇرلارنى تېز سۈرئەتتە سىزگە تونۇشتۇرالايدۇ، دۇنيانى، جەمئىيەتنى، كىشىلىك ھاياتنى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

گېزىتىمىز ئۇزاق يىل نەشر قىلىنىش داۋامىدا خۇسۇسەن ئىسلاھات داۋامىدا ئۆزىگە خاس خەۋەر قىلىش ئىدىيىسى، ئىخچام، چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق خەۋەر قىلىش ئۇسلۇبى، ئۆزگىچە بەت تېخنىكىسى ۋە بەت لايىھىسى شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق مەخسۇس سەھىپىسىدە ھەم مەخسۇس بەتلىرىدە سىزنى خىلمۇ خىل مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

گېزىتىمىز توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىگە، خىل قوشۇنغا، كۈچلۈك ئىنتىزامچانلىققا ئىگە، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجادىي ئىشلەش، سىز ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىش گېزىتىمىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچى، بىز بۇ بۇرچنى گېزىتىمىزنى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، تۇرمۇشقا يېقىن، كۆركەم، قىزىقارلىق قىلىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئادا قىلىمىز. سىزنىڭ گېزىتىمىزگە ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ئىشىنىمىزكى، كېلەر يىل گېزىتىمىزگە مۇشتەرى بولغانلىقىڭىزدىن پۇشايمان يىمەيسىز، ھازىرقى مۇشتەرى بولۇش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىڭ.

گېزىتىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 1 - 57

«شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

تېپىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق ئىقتىسادىي گەۋدىسى قۇرۇش نىيىتىگە كېلىدۇ.

قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر راۋان بولمىغان تاغلىق يېزىدا كارخانا قۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شىبەنىيەن يېزىسىدا لۇشۇيخې دەرياسى بولۇپ، دەريا ۋادىسىدىكى قۇم ۋە شېغىللار تازا ياخشى بىناكارلىق خام ئەشياسى ئىدى. ياڭ فىڭچى سېمونت، بېتون زاۋۇتى قۇرۇش قارارىغا كەلدى ھەم شاڭخەي، بېيجىڭ، تيەنجىنلەرگە چېپىپ يۈرۈپ، ئۆلكە، شەھەرلەرنى كېزىپ، بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ، تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىدىغان ئۈلپەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1985- يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە شىبەنىيەن يېزىسىدا تۇنجى

1500 گە يېقىن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ياڭ فىڭچى يەنە جۇغلانغان 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پاراۋانلىق تەرەققىيات مەبلىغىنى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم قىلدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 1000 توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر ئېلىپ بەردى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە 1300 قۇر پاختىلىق ئىشتان، چاپان ئېلىپ بەردى، يەنە مۇئەسسەسىلىرى مۇكەممەل بىر يۈرۈش ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇپ پۈتۈن يېزىدىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال- خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت

ھەممەيلەن بايرامنى شاد - خۇرام تەبرىكلەۋاتقاندا ئۇنىڭ - چاقىسىز تەنھا بوۋاي - مومايلار تەسەللىگە تېخىمۇ موھتاج ، دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال ئۇن، گۆش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈدۈپ تاغ ھالقىپ، ئون نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ، ساڭ جىنشۇينىڭ ئۆيىگە كەلدى. 70 ياشتىن ھالقىغان ساڭ جىنشۇي بوۋاي ئاق ئۇن ۋە گۆشنى كۆرۈپ، ياڭ فىڭچىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. چې فۇگو كەنتىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتى جاڭ خۇەيچاڭنىڭ ئائىلىسىدە ئۈچ مېيىپ بار ئىدى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن ئۇزاققىچە ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ كەلگەنىدى. ياڭ فىڭچى

پاختا سېتىۋېلىش مەبلىغىنى نەقلەشتۈرۈپ، دېھقانلارغا «ئاق ھۆججەت» بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. پاختا سېتىۋېلىش مەبلىغىنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېلىپ، دېھقانلارغا «ئاق ھۆججەت» بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

بۇ يىل پاختا ھوسۇلى ئاشتى، ئۈز ۋاقتىدا سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، سېتىۋېلىش چاپ - چاپ بولغان مەزگىلدە سېتىۋېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش لازىم.

يىغىن مۇنۇلارنى ئۈمىد قىلدى: پاختىچىلىق رايونلىرىنىڭ رەھبەرلىرى پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى لازىم. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، بانكا، مال باھا، سودا- نازارەت قىلىش تارماقلىرى ھەمكارلىشىپ، بۇ يىللىق پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بەي رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ئەسقەت كەرىمباي، جاڭ خېك، دەلىلقان مامىقان ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بېرىدىغان، ئۆي سېلىپ بەرگۈچى ئورۇن ئۆينى پۈتتۈرۈشكە مەسئۇل بولىدىغان، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كېرەكلىك سېمونت، خىش، ھاك، بورا قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن 3000 يۈەندىن نەقپۇل ئاجرىتىدىغان بولدى. يېڭىدىن سېلىنىدىغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇلى سېمونت- خىش قۇرۇلمىلىق، ئۈستى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئادەتتىكى يەر تەۋرەش، كەلكۈن، يامغۇر ئاپەتلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىپ لايىھىلەندى.

نۆۋەتتە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار جىددىي تۇتۇش قىلىپ، ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپە بويىچە ئۆي - ماكانسىز قالغان دېھقان، چارۋىچىلارنى 15 - ئۆكتەبىردىن ئىلگىرى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

---


## گېزىت ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئېھتىياجى

# «شىنجاڭ گېزىتى» سىزگە سىياسىي-ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتە يېتەكچى، خەۋەر-ئۇچۇردىن پايدىلىنىشتا مەنبە، بىلىم ئېلىشتا قوللانما، تۇرمۇشىڭىزدا مەسلىھەتچى بولالايدۇ

شىنجاڭ گېزىتى - ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇشتەرىلارنىڭ يېقىن دوستى، گېزىتىمىزنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى ئۇزاق، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارالىغىمۇ تارقىتىلىدۇ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرى بار.

گېزىتىمىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ لۇشيەنى، فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن - پەرمانلىرىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسەت، نىزام، تەدبىرلىرىنى، مەملىكەت ئىچى، خەلقئارادىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم ۋەقە - پائالىيەت، يېڭىلىق، نەتىجە، كەشپىيات، تەجرىبە، ئۇچۇرلارنى تېز سۈرئەتتە سىزگە تونۇشتۇرالايدۇ، دۇنيانى، جەمئىيەتنى، كىشىلىك ھاياتنى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ.

گېزىتىمىز ئۇزاق يىل نەشر قىلىنىش داۋامىدا خۇسۇسەن ئىسلاھات داۋامىدا ئۆزىگە خاس خەۋەر قىلىش ئىدىيىسى، ئىخچام، چوڭقۇر، مەزمۇنلۇق خەۋەر قىلىش ئۇسلۇبى، ئۆزگىچە بەت تېخنىكىسى ۋە بەت لايىھىسى شەكلىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، 100 دىن ئارتۇق مەخسۇس سەھىپىسىدە ھەم مەخسۇس بەتلىرىدە سىزنى خىلمۇ خىل مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

گېزىتىمىز توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىگە، خىل قوشۇنغا، كۈچلۈك ئىنتىزامچانلىققا ئىگە، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجادىي ئىشلەش، سىز ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىش گېزىتىمىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچى، بىز بۇ بۇرچنى گېزىتىمىزنى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، تۇرمۇشقا يېقىن، كۆركەم، قىزىقارلىق قىلىپ چىقىرىش ئارقىلىق ئادا قىلىمىز. سىزنىڭ گېزىتىمىزگە ۋاقتىدا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ئىشىنىمىزكى، كېلەر يىل گېزىتىمىزگە مۇشتەرى بولغانلىقىڭىزدىن پۇشايمان يېمەيسىز، ھازىرقى مۇشتەرى بولۇش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىڭ.

گېزىتىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 1 - 57

«شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

